# شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سېربىيە زۇڭتۇڭى، قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى، فىنلاندىيە زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سېربىيە تەرەپنى جىددىي ئېھتىياجلىق داۋالاش ـ مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. جۇڭگو تەرەپ سېربىيە تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا داۋاملىق ياردەم بېرىدۇ ۋە مەدەت بېرىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، سىزنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىڭىزدە، باتۇر سېربىيە خەلقى چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇر غەلىبە قىلالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ـ سېربىيەنىڭ چوڭقۇر، ئالاھىدە دوستلۇقى ئىسسىق قان ۋە ئىرادە بەدىلىگە ۋۇجۇدقا كەلگەن، مەيلى قانداق خەۋپ ـ خەتەر، خىرىس بولسۇن، جۇڭگو ـ سېربىيەنىڭ جانجىگەر دوستلۇقىنى تېخىمۇ يېمىرىلمەس قىلىپ تاۋلايدۇ. جۇڭگو تەرەپ سېربىيە تەرەپ بىلەن بىللە، خەلقئارا ئەخلاق ۋە ھەققانىيەتنى قەتئىي قوغداپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇشى، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش سىنىقى ئارقىلىق، جۇڭگو ـ سېربىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى كۈتۈۋالىدۇ. جۇڭگو ـ سېربىيە دوستلۇقىنىڭ مەڭگۈ ياشنىشىغا تىلەكداشمەن!

ۋۇچىچ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمنى تىزگىنلىگەنلىكىدىن چىن كۆڭلۈمدىن خۇشال بولدۇم. سېربىيە خەلقى قىيىنچىلىقتا تۇرۇۋاتقاندا، جۇڭگو تەرەپ ياردەم قولىنى سۇندى، بولۇپمۇ جۇڭگو تەرەپنىڭ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى سېربىيە تەرەپنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە زور مەدەت بەردى ۋە ياردەم بەردى، بىز بۇنى مەڭگۈ ئېسىمىزدە ساقلايمىز. جۇڭگو سېربىيە خەلقىنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ئۈمىد ئاتا قىلدى. مەيلى قانداق قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا دۇچ كەلسۇن، سېربىيە خەلقى مەڭگۈ جۇڭگو خەلقىنىڭ سەممىي، ئىشەنچلىك جانجىگەر دوستى. سېربىيە تەرەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن سېربىيەدىكى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدۇ. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن داۋاملىق قويۇق ئالاقىنى ساقلاشنى خالايمەن. سېربىيە ـ جۇڭگو دوستلۇقى ياشىسۇن!

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەچتە قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋ بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىدا يامراپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا غايەت زور تەھدىت ئېلىپ كەلدى. جۇڭگودا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى ئەڭ مۈشكۈل بولغان پەيتتە، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى قىيىنچىلىقنى يېڭىپ جۇڭگو تەرەپنى داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى ياردىمى بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلىدى، قىرغىزىستان جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى ساھەلەر ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر ئارقىلىق جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىگە مەدەت بېرىپ، قەلبلەرنى ئىللىتىدىغان ناھايىتى نۇرغۇن دەقىقىلەرنى قالدۇردى. جۇڭگو خەلقىنىڭ قىرغىزىستان خەلقىگە قېرىنداشلارچە دوستلۇق مېھرى بار. جۇڭگو تەرەپ قىرغىزىستان تەرەپ ھازىر دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، قىرغىزىستان خەلقى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، قىرغىزىستان تەرەپكە داۋاملىق قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەجرىبىسى ۋە داۋالاش لايىھەسىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنى تېزدىن ئەۋەتىشنى خالايدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە، قىرغىزىستان تەرەپ يۇقۇم ئۈستىدىن چوقۇم تېز غەلىبە قىلالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ـ قىرغىزىستان تاغ ـ دەريالىرى تۇتاش دوست قوشنا دۆلەتلەر ۋە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلار. جۇڭگو تەرەپ قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن بىللە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىككى تەرەپ قاتلىمى ۋە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپ رامكىسى ئىچىدە ئىتتىپاقلىشىش، ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداش، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئۆزئارا قوللاشنى كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ژېنبېكوۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە مۇھىم، زور باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، پۈتۈن يەر شارىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى ئۈچۈن غايەت زور مەدەت بەردى ھەم يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى، قىرغىزىستان تەرەپ بۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن قايىل. بۇ قېتىمقى يۇقۇم سىز ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ تەخىرسىزلىكى، رېئاللىقى، دەۋر خاراكتېرىنى يەنە بىر قېتىم گەۋدىلەندۈردى. جۇڭگو تەرەپنىڭ جۇڭگودىكى قىرغىزىستان پۇقرالىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانلىقىغا ھەم قىرغىزىستاننىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن ۋاقتىدا قىممەتلىك مەدەت بەرگەنلىكىگە ۋە ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. قىرغىزىستان مەڭگۈ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ياخشى دوستى، ياخشى ھەمراھى. قىرغىزىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەچتە فىنلاندىيە زۇڭتۇڭى نىنىستو بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن، فىنلاندىيە ھۆكۈمىتى ۋە فىنلاندىيە خەلقىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرغانلىقىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقى ۋە قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىنسانلار مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى. خەلقئارا جەمئىيەت پەقەت بىرلىكمە كۈچنى مۇجەسسەملىگەندىلا، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىپ، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىللە يەرشارى ئاممىۋى سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ. بىز ئالدى بىلەن داۋالاش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە ئۆستۈرۈپ، يەرشارى كەسپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېقىندا، جۇڭگو تەرەپ فىنلاندىيە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى سىن يىغىنى ئاچتى. جۇڭگو تەرەپ فىنلاندىيە تەرەپ بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەجرىبىلىرىنى داۋاملىق ئالماشتۇرۇپ، فىنلاندىيە تەرەپنىڭ ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى قىس بولۇش قاتارلىق قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە فىنلاندىيە خەلقى قەتئىي تەۋرەنمەس «شىسۇ» روھىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، يۇقۇم ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلالايدۇ. فىنلاندىيە تەرەپنىڭ فىنلاندىيەدىكى جۇڭگو پۇقرالىرى، بولۇپمۇ جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىنى ھەم ئۇنى ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق، جۇڭگو ـ فىنلاندىيە دوستلۇقى چوڭقۇرلىشىدۇ. يۇقۇم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ھەرقايسى قاتلامدىكى خادىملارنىڭ ئالاقىسىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئۇچۇر ئالاقىسى، ھاياتلىق ئىلمى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قېزىپ، قويۇپ بېرىپ، جۇڭگو ـ فىنلاندىيەنىڭ كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن يېڭىچە ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

نىنىستو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىر، فىنلاندىيە ئېغىر يۇقۇمغا دۇچ كەلدى، فىنلاندىيە خەلقى جاپالىق تىرىشماقتا، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىدار تەجرىبىلىرى بىزگە ئىنتايىن پايدىلىق. جۇڭگو تەرەپنىڭ داۋالاش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى قاتارلىق جەھەتلەردە قىممەتلىك مەدەت بەرگەنلىكىگە ۋە ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. فىنلاندىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقۇم ئۈستىدىن تېزدىن غەلىبە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەن رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى تامامەن قوللايمەن، جۇڭگو تەرەپنىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن ياخشى ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرغانلىقىغا ھەم 20 دۆلەت گۇرۇھى رامكىسى ئىچىدە يەرشارى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تېزدىن ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلىشى دۇنيا ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. فىنلاندىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى، فىنلاندىيە تەرەپ فىنلاندىيەدىكى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ھالىدىن داۋاملىق ئوبدان خەۋەر ئالىدۇ. مەن سىز بىلەن بىللە ئورتاق تىرىشىپ، فىنلاندىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ داۋاملىق ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىرى لى رېن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىلقى تۈرلەردە ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتىدە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلدى: بىرىنچى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئىش ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر كاپالەتلەندۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، تۈر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى. ئىككىنچى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈرلەر مۇقىم ئاشتى. ھازىرغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە توققۇز ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە ئىش باشلاش نىسبىتى 50%تىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ ۋىلايىتىدە يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈر جەمئىي 435، قەشقەر ۋىلايىتىدە يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈر جەمئىي 423، خوتەن ۋىلايىتىدە يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈر جەمئىي 391.

لى رېن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، بۇ يىل سېلىنمىنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش ۋەزىپىسى مۈشكۈل. ھازىرقى جىددىي ۋەزىپە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تۈرلەردە ئىشنى، قۇرۇلۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، تىرىشىپ دەخلى قىلىنغان ۋاقىتنى قايتۇرۇۋېلىپ، كېلىپ چىققان زىياننى تولۇقلىۋېلىش.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تەتۈر تىزىپ، خەرىتە ئېسىپ جەڭ قىلىپ، كەسىپلەرگە ئايرىپ، ساھەلەرگە ئايرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۈرلەرنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ساقلىنىۋاتقان چەكلەش مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، داۋاملاشما قۇرۇلۇش ۋە يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان تۈر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ مۇلازىمەت قىلىپ، «بىر كۆزنەكتە قوبۇل قىلىپ بېجىرىش» «كەم ماتېرىيالنى قالدۇرۇپ قوبۇل قىلىپ بېجىرىش» «ياندىن ئۇلاپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش» «يېشىل يول» «ۋاكالىتەن بېجىرىش مۇلازىمىتى»نى پائال يولغا قويۇپ، بىناكارلىق، قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش ۋاقتىنى زور كۈچ بىلەن قىسقارتىپ، مۇلازىمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ تۈرلەرگە ئادەم ئىشلىتىش كاپالىتى مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يېتەكچىلىك قىلىپ، ساغلاملىق كودى ئىشلىتىشنى ئومۇملاشتۇرۇپ، نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ زىچلىقىنى ئاشۇرۇپ، تۆمۈريول نۆۋەتچى پويىزلىرىنى كۆپەيتىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان خادىملارنى تېزدىن ئىش ئورنىغا قايتۇرۇپ كېلىش خىزمىتىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدۇ.

دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ ئەڭ يېڭى تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى دىققەتنى ئاممىۋى سەھىيە، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى كاپالىتى، خەۋەرلىشىش، قاتناش قاتارلىق ساھەلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆپ يول ئارقىلىق ئۈنۈملۈك سېلىنمىغا تۈرتكە بولۇپ ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ، مۇھىم، زور تۈرلەرنى مۇددەتتىن بۇرۇن پىلانلاپ، تۈر زاپىسىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، زاپاس تۈرلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تۈركۈمگە بۆلۈپ، مۇددەتكە بۆلۈپ يولغا قويۇپ، پەيدىنپەي ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەر دەرىجىلىك ئورمانچىلىق تارماقلىرى باغ ـ ئورمانچىلىق پەن ـ تېخنىكىسى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش بېغى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، مەسئۇلىيەت سۇبيېكتىنى بېكىتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇش، كۆپەيتكىلى بولۇش، كېڭەيتكىلى بولۇش پىرىنسىپى بويىچە، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش بېغى قۇرۇلۇشىدا رەھبىرىي كادىرلار، تېخنىك خادىملار، ئۆلگە كۆرسىتىش دېھقان ئائىلىلىرىدىن ئىبارەت «ئۈچ بىر گەۋدە قىلىنغان» باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، «سۇ ـ ئوغۇت بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن» ئۆستۈرۈش ـ باشقۇرۇش ئەندىزىسى بويىچە، باغ يېرىنى تۈزلەش، شاللاڭلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش، شەكىلگە كىرگۈزۈپ چاتاش، سورتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، رېتسېپ بويىچە ئوغۇتلاش، ئېھتىياجغا ئاساسەن سۇ بىلەن تەمىنلەش، ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش، كېسەل ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، مۇۋاپىق مەزگىلدە يىغىش، دەرىجىگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىش كېرەك. ھەربىر ئۆلگە كۆرسىتىش بېغى قۇرۇلۇشىنى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە سىجىل تۇتۇپ، ئۆلگە كۆرسىتىش بېغىنى ئۆگىنىشتىكى «ئۈلگە قىلىنىدىغان تەجرىبە ئېتىزى»، باغۋەنلەرنىڭ «ئېتىزلىق دەرسخانىسى»، خاس باغ ـ ئورمانچىلىق تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەش بازىسى، كۆزدىن كەچۈرۈش، ئۆگىنىش بازىسى ۋە كېڭەيتىش مۇلازىمەت بازىسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇپ، ماشىنىلاشتۇرۇشنى قوللىنىشنى تېزلىتىپ، سۇ ـ ئوغۇتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەمىنلەشنى ئالغا سىلجىتىپ، بىر تۈركۈم كونا باغلارنى ئۆزگەرتىپ، بىر تۈركۈم ئۆلگە كۆرسىتىش بېغى بەرپا قىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىقتىسادىي باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى دەل جايىدا ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ياڭاق، چىلان زىچ تىكىلگەن، تۆۋەن ئۈنۈملۈك باغدىن 500 مىڭ مونى ئۆزگەرتىش تاماملىنىدۇ، ئاساسلىق تىكىلىدىغان مېۋىلىك دەرەخ تۈرلىرىنى ئۆستۈرۈش، باشقۇرۇش تېخنىكىسى بويىچە چۈشەندۈرۈش قوللانمىسىدىن 12سى ئېلان قىلىنىدۇ، باغ ـ ئورمانچىلىق قوللىنىشچان تېخنىكىسى بويىچە 10 مىڭ مەيدان تەربىيەلەش ئۆتكۈزۈلىدۇ، 1 مىليون ئادەم قېتىم تەربىيەلىنىدۇ. باغ ـ ئورمانچىلىق پەن ـ تېخنىكىسى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش بېغى قۇرۇلۇشى ياردەم پۇلى، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ سۈپىتىنى دەل جايىدا ئۆستۈرۈش تۈرى قاتارلىق سىياسەتلەر داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش، سۇغۇرتا مۇكاپات تولۇقلىمىسى، چىلان زاكاز مېلى قاتارلىق سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەۋزەل، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۇغۇرتىسى مۇكاپات تولۇقلىمىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋە مېۋە زاكاز مېلىنىڭ قاپلاش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، چىلان، ياڭاق، ئۆرۈك، بادام، ئالما ۋە ئۈزۈمدىن ئىبارەت ئالتە ئاساسلىق تىكىلىدىغان مېۋىلىك دەرەخ سورتى سۇغۇرتىسىدىن مەنپەئەتلىنىش دائىرىسى ئاشۇرۇلىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشلەپچىقىرىشنى بىخەتەر، تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچ قوشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش رېۋىزىيە باش ئەترىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېرى مېي دۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتى يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، كۆمۈركانىلاردىن باشقا كارخانىلار، خەتەرلىك خىمىيەلىك بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار، سانائەت ـ سودا كارخانىلىرى قاتارلىقلارنىڭ بىخەتەر مۇلازىمەت قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان، كارخانىلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەت ئېڭى كۆرۈنەرلىك ئاشقان، ئىشلەپچىقىرىش نەق مەيدانىنىڭ بىخەتەرلىك شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغان.

3 ـ ئايدىن بۇيان، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە ناترىي گىپوخلورىد ئەسلىي سۇيۇقلۇقى، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى ھىدروگېن پېروكسىد ئىشلەپچىقىرىدىغان ھەمدە ۋاقىتلىق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ماسكا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى، ئاشلىق ـ ياغ بىلەن تەمىنلەيدىغان 18 كارخانىنى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، مۇلازىمەت قىلىش جەھەتتە يېتەكلىدى. كۆمۈركاندىن باشقا كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ھەم تاشقى مەزگىلدە بىخەتەرلىك بويىچە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ۋە قالدۇق رۇدا ئامبىرىدا بىخەتەرلىك خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈگىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش رېۋىزىيە باش ئەترىتى قومۇل شەھىرى ئېۋىرغول رايونىدىكى كۆمۈركاندىن باشقا كارخانىلاردا بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردى.

ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مۇلازىمەت كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى بىخەتەر ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە ئائىت 14 تۈرلۈك تەدبىر، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى بويىچە بىخەتەرلىك باشقۇرۇشنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى سەككىز تۈرلۈك تەلەپنى تۈزۈپ تارقاتتى ھەم خەۋپنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، 58 نۇقتىلىق كارخانىنى تاللاپ بېكىتىپ نازارەت قىلدى، تەكشۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى، ياردەم بەردى. ھەرقايسى جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش تارماقلىرى رايونغا ئايرىش، ساھەگە ئايرىش، ۋاقىت بۆلىكىگە ئايرىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى تۇتۇپ، بىر قولدا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى. ھازىرغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي خەتەرلىك خىمىيەلىك بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىدىغان 512 كارخانا، كۆمۈركاندىن باشقا 239 كارخانا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، كۆلەملىك سانائەت كارخانىلىرى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى 100% ئەسلىگە كەلتۈردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك. يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئۇچۇر مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا رايونلىرىدىكى «ئۈچ تور(تېلېگراف تورى، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە تورى ۋە ئالاقە تورى)نىڭ يۇغۇرۇلۇشى»نى پائال ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكىدە تور ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلارنىڭ سوغۇق زەنجىرسىمان ئەشيا ئوبوروتى، ئامباردا ساقلاش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ئەشيا ئوبوروتى تور نۇقتىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئەشيا ئوبوروتى تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئوراپ قاچىلاش، يېڭى پېتى ساقلاش تېخنىكىسى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يېزا ـ كەنتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تور ماركېتىنىڭ ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى، تور ۋە تور سىرتىنىڭ يۇغۇرۇلۇشى قاتارلىق «ئالاقە تورى +» يېڭى گۈللەنگەن ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەلا سۈپەتلىك، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى تورىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى سۈرۈشتۈرۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىنى ئېلېكترونلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپەتلىك ماركىسى يارىتىش مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، سۈپەتلىك ماركىلاشتۇرۇش ئارقىلىق كۆلەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش، ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ۋە كەسىپلەشتۈرۈپ تىجارەت قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئۆلچىمى ۋە مۇلازىمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئالاقە تورى يېڭى كەسىپ ھالەتلىرى، يېڭى ئەندىزىسىنى پائال كېڭەيتىپ، كۆپ مەنبەلىك بازار سۇبيېكتىنىڭ يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىنلىرىنىڭ ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 12345 تور ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۇپىسىنى بىرىكتۈرۈپ قۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكى ۋە ئىجرا قىلىش كۈچىنى كۈچەيتىش، ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىشقا پايدىلىق. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر) دەرىجىلىك 12345 سۇپىسى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تەسىس قىلغان تۈرلۈك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسىنى ۋاقتىدا 12345 سۇپىسىغا بىرىكتۈرۈپ، يۈرۈشلۈك مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىش ـ باھالاشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ دەۋا ـ تەلىپىگە تېز ئىنكاس قايتۇرۇپ ۋە ئۇنى ھەل قىلىپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە رازى بولۇش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا قارالمىلار تەتقىق قىلىندى.